# شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەممىگە ئايان

**□شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى يېقىندا قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشى ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق قوش ئۆلچىمى ۋە ساختىپەز، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

كىشىلىك ھوقۇق ئالدى بىلەن ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىدۇر. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، 2014 - يىلدىن بۇيانلا 3 مىليونغا يېقىن نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بىر مەزگىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت خەلققە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىككە قارىتا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يامراش ئاساسى ۋە شارائىتىنى كۈچەپ يوقىتىپ، شۇ جاينىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بۇ، كەڭ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشقانلىق.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئىقتىسادى سىجىل يۈكسەلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىناق - رايىش بولماقتا، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. 2018 - يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى، ساياھەتچىلىكتە شىددەتلىك ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى خىزمىتى يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا»، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيىتىدىكى غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 70 تۈركۈمدىن ئارتۇق ھەر خىل چەت ئەل ئۆمەك، گۇرۇپپىلىرىدىن جەمئىي 1000دىن ئارتۇق كىشى جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە ئۆز كۆزى بىلەن گۇۋاھ بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن پۇختا مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەرگە ئايان. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇنلىغان بىگۇناھنىڭ تالاپەتكە قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى جاھىللىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ماقۇللىدى، بۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى باشقىچە غەرەزدە ئۆز پىكرىنى يورغىلىتىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇلار «كىشىلىك ھوقۇق» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇنى جۇڭگو خەلقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى.

ھەممىگە ئايانكى، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى رەزىللىككە تولغان، دۆلەت ئىچىدە ئىرقىي، جىنسىي كەمسىتىش، قورال - ياراغ يامراپ كېتىش قاتارلىق ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى مەۋجۇت، چەت ئەللەردە ئۇرۇش قوزغاپ ئالاقىدار دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق ئاپىتى ئېلىپ كەلدى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئامېرىكىنىڭ «خۇسۇسىي مۈلكى» ئەمەس، مەيلى ئەخلاق - ھەققانىيەت جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن، ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغان، قول تىقىدىغان سالاھىيىتى يوق، ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالدى.

تيانشان قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزى بىرتۇتاش، ھەر مىللەت خەلق قەلبداش. شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، «ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق — بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق — ئاپەت» دېگەن ئورتاق تونۇش كۈنسېرى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ھەرقانداق تۆھمەتنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق پىتنە - ئىغۋانىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ، ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم يۈرگۈزۈپ، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقاردى

**□خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەتقىقات تېما گۇرۇپپىسى**

تېررورىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ كەسكىن ۋە تەخىرسىز خەۋپسىزلىك تەھدىتىگە ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىيزم پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، ئىنسانلارغا ئېغىر، زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 2018 - يىلىلا پۈتۈن يەر شارىدا 1127 قېتىم تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 13 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا جاۋلانغان تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى پۈتۈن يەر شارىدىكى 100دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن تەخمىنەن 250 مىڭ ئەسەبىي ئۇنسۇرنى جەلپ قىلدى، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە چېگرا ھالقىپ يۆتكىلىشى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى، ئۇلار تۇغۇلغان دۆلەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى، شۇنداقلا ئۈچىنچى دۆلەت، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالدى. تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ تەھدىتىگە قارىتا، ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭلا غېمىدە بولۇپ، باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ. ئىتتىپاقلىشىپ تېررورىزمغا زەربە بېرىش ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسى، ھەم ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق ھەمكارلىشىپ تېررورىزمغا زەربە بېرىش ئىستراتېگىيەسىنى بەرپا قىلىش، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (60/288) قاتارلىق تېررورلۇق قىلمىشلىرىنى چەكلەيدىغان بىر قاتار خەلقئارا قانۇن - ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى مۇھىم خەلقئارا قانۇن ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەرقانداق ئادەمنىڭ، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق باھانە - سەۋەب، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورىزمنى يولغا قويۇشىغا بىردەك قارشى تۇرىدىغان قەتئىي مەيدانىنى ھەمدە ھەرىكەت قوللىنىپ بارلىق شەكىلدىكى تېررورىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشتىكى مۇستەھكەم ئېتىقادىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئىچىدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېررورىزمنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش، تېررورىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولىنى كۈچەيتىش ھەمدە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە قانۇن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بۇ تۆت تۈرلۈك ساھەنى چۆرىدەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرىنى تۈزۈش كېرەك، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن ئاخىرقى غەلىبە تېخى قولغا كەلگىنى يوق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئېلىپ كەلگەن رېئال تەھدىتمۇ تېخى ئۈنۈملۈك تۈگىتىلمىدى، نۇرغۇن جايدا ھەتتا بارغانسېرى كۈچىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. ئالاقىدار ئاپپاراتلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2015 - يىلدىن 2016 - يىلغىچە، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوراللىق زوراۋانلىق ۋەقەلىرى 18 مىڭ 987 قېتىمدىن 24 مىڭ 202 قېتىمغا كۆپىيىپ، 25% ئېشىپ، ئون يىل ئىلگىرىكىنىڭ نەچچە ئون ھەسسىسىگە يەتكەن. خەلقئارا جەمئىيەت نوقۇل ھالدا قورال كۈچى ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرىگە تايىنىپ زوراۋان ئەسەبىيزمنىڭ يامرىشىنى توسۇشنىڭ ئەسلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ قورال كۈچىنى ئاساس قىلغان جىسمانىي جەھەتتە يوقىتىش تاكتىكىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى، ھازىر بار بولغان «قاتتىق» تەدبىر ئاساسىدا، ئالدىنى ئالىدىغان «يۇمشاق» ۋاسىتىلەرنى ئورنىتىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق بولغان ئۇسۇل قوللىنىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى قەدەم باسقۇچلۇق تۈگىتىشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى كۈنسېرى تونۇپ يەتتى. ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىق، ئىشسىزلىق ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كەمچىل بولۇش قاتارلىق زوراۋان ئەسەبىيزمنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارنى تۈگىتىشتە، تېررورىزمنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتىنى يىلتىزىدىن تۈگىتىشتە ھەمدە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە قانۇن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەك.

خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش تەس بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، بىر قىسىم دۆلەتلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە تەكرار - تەكرار قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىدېئولوگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلدۇرىدىغان سىياسىي ۋاسىتە قىلىۋالدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ئەرزان باھانە قىلىۋالدى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى بۇنداق قوش ئۆلچەم قوللىنىش قىلمىشى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، تېررورچى ئۇنسۇرلار ۋە تېررورلۇق تەشكىلاتىنى بېكىتىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشتە، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز مەنپەئەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىش، بىر تەرەپتىن ئاقىۋىتىنى ھېسابلاشماي، ۋاسىتە تاللىماي مەلۇم بىر تېررورلۇق كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا بىر قىسىم تېررورچى ئۇنسۇرلار، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىغا يول قويۇش، قانات ئاستىغا ئېلىش، ھەتتا ئۇلارنى قوللاش. ئىككىنچى، بىر تەرەپتىن «كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش» «دىنىي ئەركىنلىك» قاتارلىقلارنى دەستەك قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلەش، ھەتتا «ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش» ئارقىلىق يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتى بىلەن ئەسلا كارى بولماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت ۋە كونترول قىلىش، باشقا دۆلەتلەردە پەيدا قىلغان بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈش، دىنىي زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت ئۈچۈن تەپ تارتماي ئۆزىنى ئاقلاش ھەم تېررورىزمنىڭ يەنىمۇ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇش.

«11 - سېنتەبىر» تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن بۇيان، تېررورىزم ئامېرىكا خەلق ئاممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە غايەت زور ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە بارلىق شەكىلدىكى تېررورىزمنى ئورتاق ئەيىبلەپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تېررورلۇققا ھەقىقىي زەربە بېرىشى، ھەقىقىي تېررورلۇققا زەربە بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇرى ۋە زومىگەرلىكنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جاھىللىق بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم يۈرگۈزۈپ، تېررورچى ئۇنسۇرلار، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى بېكىتىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش مەسىلىسىدە روشەن بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولدى، تېخىمۇ مۇھىمى بىر قىسىم تېررورچى كۈچلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى مۈجمەل بولۇپ، بەزى تېررورچى كۈچلەرگە پەردە ئارقىسىدىكى «پىلانلىغۇچى» ۋە ئەڭ چوڭ «مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى» بولدى؛ ئىتتىپاقداش بولمىغان دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئوبيېكتىپ ئىپادە بىلدۈرمەي، ئەيىبلىمەيلا قالماي، ئەكسىچە «دىن» «كىشىلىك ھوقۇق» قاتارلىق ناملار بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق، دىن ئەھۋالىنى خالىغانچە تەنقىدلىدى، ئەيىبلىدى؛ ئۆزى قانات يايدۇرغان ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت، قانۇندىن قالايمىقان پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى نازارەت قىلىش قىلمىشى ئۈستىدە ئويلانماي، پۇشايمان قىلمايلا قالماي، ئەكسىچە «دېموكراتىيە جەڭچىسى» «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» قاتارلىق ناملىرىدىن ھەمدە چېگرا سىرتىدا جەڭ قىلىشتىكى «ئېھتىياتچان»لىقى «يۇقىرى ئۈنۈملۈك»لۈكى بىلەن ئۆز - ئۆزىدىن مەستخۇش بولۇپ يۈردى.

«شەرقىي تۈركىستان» (خەنزۇچىدا قىسقارتىلىپ «东突» دېيىلىدۇ) تېررورچى كۈچلىرىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەلۋىلەشكەن قىسمەن شىنجاڭلىق بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىر يۈرۈش «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نىڭ «ئىدىيەۋى نەزەرىيە سىستېمىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان» سۆزىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىيلاشتۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئۇزاقتىن بۇيان، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى بەزى كۈچلەرنىڭ قۇترىتىشى، قوللىشى بىلەن مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈپ، دۆلەتنى پارچىلاپ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، تېررورىزم، بۆلگۈنچىلىك، ئەسەبىيزمنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى ئاساسىي ۋاسىتە قىلغان بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى سادىر قىلىشقا يۈزلەندى، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇق خاراكتېرى تەدرىجىي پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى زەربىگە ئۇچراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، «دېموكراتىيە» «كىشىلىك ھوقۇق» «ئەركىنلىك»نى دەستەك قىلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە تېررورلۇق جىنايەتلىرىنى ئاقلاپ، ۋاسىتىسىنى ئۆزگەرتىپ جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. 2004 - يىلى، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى چېگرا سىرتىدا ئۇ يەر - بۇ يەردىن يىغىلىپ «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» (خەنزۇچىدا قىسقارتىلىپ «世维会» دېيىلىدۇ)نى قۇردى، تەشكىلىي نىزامنامىسىدە بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم 2012 - يىلى نىزامنامىدىكى «خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەيىبلەش» دېگەن ماددىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ سابىق «رەئىسى» رابىيە ئىلگىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى ۋە باجدىن قېچىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، جۇڭگو ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن ئەرز قىلىنغان جىنايەتچى ئىدى. ھازىرقى «رەئىس» دولقۇن ئەيسا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان تېررورچى ئۇنسۇر بولۇپ، ئىلگىرى خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تەشكىلاتى تەرىپىدىن قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان تۇتۇش ئوبيېكتى بولغان. بۇ تەشكىلات ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن» قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ، پاكىتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەممە جايدا ئەسەبىي سۆزلەرنى تارقىتىپ، ھە دەپ مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، تېررورچى ئۇنسۇرلارغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇلارنى قوللىدى، تېخىمۇ مۇھىمى چېگرا سىرتىدا ئۈزلۈكسىز تېررورچى ئۇنسۇرلارنى جۇڭگوغا تېررورلۇق ھۇجۇمى قىلىشقا قۇترىتىپ، ئۇلار 2009 - يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5 - ئىيۇل» ئېغىر زوراۋانلىق جىنايى ۋەقەسىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قارا قولى. ھەم ئامما قوللىمايدىغان، ھەم ھېچقانداق قانۇنلۇقلۇقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان، پەقەت خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرگە «قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ يېلىنىدىغان» جۇڭگوغا قارشى مانا مۇشۇنداق بىر بۆلگۈنچى تەشكىلات ئامېرىكا چېگراسى ئىچىدە جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن خالىغانچە شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن جېنىنىڭ بارىچە رابىيەنى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى» قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇكاپات تۈرىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتىرىدى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەتتا ئۇنىڭ كاتتىبېشى رابىيە ۋە دولقۇن ئەيسانى ئاشكارا قوبۇل قىلىپ، «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»گە ئېتىبار بېرىمىز دەپ جار سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنى ئاستىرتىن قوللاپ، يىل بويى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئالاقىدار ئاقىللار ئامبىرىدىكى ئالىملارنى يىغىپ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» مۇددىئاسىغا چارە - تەدبىر كۆرسەتكۈزدى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

# ئامېرىكا قوللىغان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» سېپى ئۆزىدىن تېررورىزمنىڭ جارچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە قارا چاپلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا يەنە ئاستىرتىن «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» قاتارلىق تېررورلۇق بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئاستىرتىن «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق كۈچلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە ئايلاندى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، «ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى» «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىغا مەبلەغ ياردىمىنى ئىزچىل كۆپەيتتى، ياردەم مەبلەغ سوممىسى 2017 - يىلدىكى 556 مىڭ دوللاردىن 2019 - يىلدىكى 960 مىڭ دوللارغا كۆپەيتىلدى.

ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بىر قىسىم زاتلارمۇ «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئاشكارا قوللىدى. 2019 - يىلى 6 - ئايدا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى پېلوس، «ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى قاتارلىق كىشىلەر ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىناسىدا «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ كاتتىبېشى دولقۇنغا 2019 - يىللىق «دېموكراتىيەگە تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى» بەردى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئامېرىكىنىڭ كۆپ نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئىلگىرى «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە، يىغىن ئېچىشقا قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ دۈمبىقىنى چالدى ھەم شىنجاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى ھە دەپ تەرغىب قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 2003 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان تېررورچى ئۇنسۇر دولقۇن 2017 - يىلى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئاستىرتىن «شەرقىي تۈركىستان» ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى، «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتكەن.

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىگىلىشىچە، 2018 - يىلى، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تومتۇرلۇق ھەربىي فورما كىيگەن 400 «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرى بىلەن قوراللىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىننى لېنتىغا ئېلىپ، جۇڭگودا تېررورلۇق ھۇجۇمى قوزغايمىز، دەپ جار سالغان.

2017 - يىلى 2 - ئاي ۋە 5 - ئايدا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» بىلەن بىرلىشىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا چېگرا سىرتىدا ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، قوراللىق كۈچ تەسىس قىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2019 - يىلى 3 - ئايدا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ سابىق رەئىسى رابىيە تور ئارقىلىق بىر بۆلەك ئۈن ئېلان قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ھەم سۈرىيەگە «غازات» ئۇنسۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى پاكىتنى ئاشكارىلىدى. «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» «تېررورلۇق» بىلەن مۇناسىۋەتنى بارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئىگىلىنىشچە، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» 2012 - يىلىلا تەشكىلات نىزامنامىسىدىكى «خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەيىبلەش» توغرىسىدىكى ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، تېررورىزملىق تەبىئىتىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاشكارىلىغان.

جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى ۋېي مۇنداق بىلدۈردى: «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى»دىن تەشكىللەنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دەسلەپ قۇرۇلغاندىلا تېررورلۇققا چېتىشلىق گېنغا ئىگە بولغان.

لى ۋېي مۇنداق قارىدى: «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» «مىللەت» ۋە «دىن» مەسىلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تېررورىزم پائالىيىتىنى يوشۇرۇپ، چەت ئەلدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ۋە خاتا يېتەكلەپ، تېررورىزمنىڭ جارچىسىغا ئايلاندى، ئامېرىكىنىڭ ئۇنى قوللىغانلىقى يولۋاسقا يانتاياق بولغانلىق.